# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2020- يىل 2- ئاي

4

سەيشەنبە

维吾尔文 2 月4日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24961- سان بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما يوللاپ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2- ئاينىڭ 3- كۈنى تېلېگراممىسى** 2- ئاينىڭ 3- كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلدى:

90 يىلدىن بۇيان، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋيېتنام خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، باش شۇجى رۇەن فۇجۇڭ باشچىلىقىدىكى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ۋيېتنام پارتىيەسى ۋە خەلقى (ئاخىرى 2- بەتتە)

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ

# يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەتقىق قىلدى

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2- ئاينىڭ 3- كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 2- ئاينىڭ 3- كۈنى يىغىن ئېچىپ، مەركەز يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، كېيىنكى قەدەمدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش خادىملىرى ۋە پەن تەتقىقات خادىملىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خادىملارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم ئەھۋالى يۈز بەرگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، مەركەز يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ماسلاشتۇرۇش - ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە يولۇققان جىددىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى، ئارمىيە يەرلىكنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە پائال ياردەم بەردى. ھەرقايسى رايونلاردا پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قوماندانلىق قىلىدىغان رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ھەرقايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇن قاتارلىقلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى، كەڭ تېببىي خادىملار شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، باتۇرلۇق بىلەن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ خەلق ئۇرۇشىنى باشلىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئومۇمىي جېڭىنى باشلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇلماقتا.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك. ھازىر، ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ئىنچىكە تۇتۇش. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپى بويىچە، (ئاخىرى 2- بەتتە)

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ پاش قىلىش، ئەرز قىلىشنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەت قائىدىسىنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2- ئاينىڭ 3- كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ پاش قىلىش، ئەرز قىلىشنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەت قائىدىسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قائىدە» دېيىلدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «قائىدە»دە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە 19- قۇرۇلتىيى ۋە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2-، 3-، 4- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كۆزلىنىپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، ئامما نازارەت قىلىش يوللىرى كېڭەيتىلىپ، پاش قىلغان، ئەرز قىلغانلارنىڭ نازارەت قىلىش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدىلىنىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ پاش قىلىش، ئەرز قىلىشنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تاپشۇرۇۋېلىش، قوبۇل قىلىش، بېجىرىش، بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسى، قانۇن ئىجراسى ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈش ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ كەسكىنلىكى، ماسلىششچانلىقى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە بولغان بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پاش قىلىش، ئەرز قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، ئامما نازارەت قىلىدىغان ياخشى مۇھىت يارىتىپ، پاش قىلىش، ئەرز قىلىش تەرتىپلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، پاش قىلىش، ئەرز قىلىشنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى ئۈللۈق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كومىتېت(ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە گۇرۇپپا)لىرى تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، «قائىدە»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پاش قىلىنغان، ئەرز قىلىنغان مەسىلىلەرنى قائىدە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، پاش قىلىنغان، ئەرز قىلىنغان مەسىلىلەرنى قائىدىگە خىلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ بىر تەرەپ قىلمىشىغا «قىلچە يول قويماي»، «چىراغ تۆۋى قاراڭغۇ» بولۇشتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك. «قائىدە»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كۆزىتىش - تەكشۈرۈش ۋە دائىملىق نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ، «قائىدە»نىڭ تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«ئىتتىپاقلىق تۆمۈر، ئىتتىپاقلىق پولات، ئىتتىپاقلىق كۈچ. ئىتتىپاقلىق جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىشى، ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.» ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، تىزگىنلەيدىغان كەسكىن كۈرەش بۇ يەكۈننى چوڭقۇر دەلىللىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا چىڭ تايىنىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - داۋالاپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللاندۇق، بىزنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار.» يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشكە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىزنى تۈپ سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى بېجىرىش سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىنى جىددىي تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەر. دېھقانلار كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدىن بېرىلگەن (ئاخىرى 2- بەتتە)

**ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى**

## «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن ئاتلىنىمەن!»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جېڭىدە، ئۇلار ئەڭ قەيسەر جەڭچى بولۇپ، ھېچنېمىدىن قورقماي، ئالدىنقى سەپتە كەسكىن جەڭ قىلماقتا؛ ئۇلار ئەڭ يارقىن نۇردەك قەلبلەرنى ئىلletسپ، كۈچنى مۇجەسسەملىمەكتە. شىددەتلىك يۇقۇم ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنى توسۇپ زەربە بېرىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە قاداىدى.

### «پارتىيەگە كىرىش قەسىمىدە بەرگەن ۋەدىنى مۇشۇنداق چاغدا نەقلەشتۈرۈش كېرەك»

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىس - تۈتەكسىز جەڭ مەيدانىدا، كىشىنى ئەڭ روھلاندۇرىدىغان سۆز «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىمەن!» «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن ئاتلىنىمەن!» بولدى، خەتەرلىك چاغدا، جىددىي پەيتتە، پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتۈپ، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئالدى.

«دوختۇرخانا رەھبەرلىرى مېنى ياشىنىپ قالدى دەپ ئەنسىرىمىسۇ بولدۇ، پارتىيە ئەزالىرى ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى مۇشۇنداق چاغدا نامايان قىلىش، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىدە بەرگەن ۋەدىسىنى مۇشۇنداق چاغدا نەقلەشتۈرۈشى كېرەك، (ئاخىرى 4- بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلار مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ تولۇق ئادا قىلدى، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدى ——

# تېز ھەرىكەتكە كېلىش كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز




2- ئاينىڭ 3- كۈنى، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ T3 ئايروپورت بىناسىنىڭ كۈتۈۋېلىش زالىدا، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ خىزمەتچى - خادىملىرى يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىمەكتە. □ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلار تېز ئاۋاز قوشۇپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ تولۇق ئادا قىلىپ، پۇختا ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈردى. يۇقۇمغا قارشى جەڭدە، بۇ يەردە ئەڭ قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئەڭ تېز ھەرىكەتكە كېلىش، ئەڭ كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىش بار!

**كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ماددىي ئەشيا تەمىناتى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش**

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ خام ماتېرىيال قىس بولۇش، ئەمگەك كۈچى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ئەڭ تېز سۈرئەتتە (ئاخىرى 4- بەتتە)